# ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئەقلىنىڭ كامالىتىدۇر

مۇھەممەد يۇسۇف

ھەر قانداق ئادەمنىڭ مەن نەدىن كەلدىم، نەگە بارماقچىمەن ۋە نىمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىم؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىدىن سوراپ، ئۇنىڭغا لايىق جاۋاب تېپىش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزۈشى، ئىزدىنىش مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى ھەر قانداق چوڭ جاھالەت كەچۈرۈم قىلىنىشى مۇمكىن، ئەمما ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ سىرىنى، ھاياتىنىڭ غايىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتتىكى ۋەزىپىسىنى بىلمەسلىكى قەتئىي كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان ئەڭ چوڭ جاھالەتتۇر.

ئەقىل ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغان ئىنسانىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل سوئالدىن غاپىل ھالدا، باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش يېيىش – ئىچىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىلەنلا ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشى تولىمۇ نومۇس ئىشتۇر. يۇقىرىدىكى ئۈچ سوئال ئىنسانلار ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە بولۇپ يارالغاندىن بۇيان ئۇلار بىلەن بىرگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ۋە مەڭگۈگە ئۇلارنىڭ خىيالىدىن كەتمەي جاۋاب تەلەب قىلىدىغان ئەبەدىي سوئاللاردۇر. بۇ سوئاللارغا شەرق ۋە غەربنىڭ پەيلاسوپلىرى جاۋاب بېرىشكە ئورۇنغان. فرانسىيىلىك پەيلاسوپ دېكارت ئۆزىنىڭ شەك مەزھىبىنى پەيدا قىلغىنىدىن باشلاپ ھەر نەرسە ئۈستىدە شەك قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ شەك ئاخىرى ئۆزىگە بېرىپ يەتكەندە، ئۆزىنىڭ بارلىقىغا شەك قىلالمايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئويلاپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىگە بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ بار ئىكەنلىكىدە شەك قالمىدى، ئۇنداقتا مېنى كىم ياراتتى؟ مېنى بۇ ماددىي كائىنات ياراتقان بولسا نىمە ئۈچۈن مەندە بولغان ئەقىل ـ ئىدراك ۋە قابىلىيەت بۇ كائىناتتا بولمايدۇ؟ كائىنات ئۆزىدە بولمىغان ئەقىل ـ ئىدراكنى ۋە قابىلىيەتنى ماڭا قانداق بېرەلىسۇن؟!»

مەن نەدىن كەلدىم؟

ئىنسانلار دۇنيادىكى جانلىق، جانسىز بارلىق شەيئىلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرۇلۇق ئويلاپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل جاۋابلار تېپىشقان: بەزىلەر كائىناتنى ۋە بىز كۆرۈپ تۇرغان ئالەمنى پەقەت خىيال دەپ ئېتىقاد قىلغان بولسا، بەزىلەر ماددىنىڭ زەررىلىرى ۋە تەركىبلىرىدە ئىنسانغا ئوخشاش ئەقىل بىلەن ئويلاش قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇلار كائىناتتىكى بار نەرسىلەرنى ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشىدۇ. مۇنداق جاۋابنىڭ بىمەنىلىكى ئېنىقتۇر. چۈنكى تاش، سۇ، ھاۋا، تۇپراق قاتارلىق ماددىلاردا پىكىر قىلىش قابىلىيىتى يوقلىقى ئېنىقتۇر. تارىختىن بۇيان بىرەر ماددىدا ئەقىل ـ ئىدراك بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات يوق. بەزىلەر بولسا كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر تاسادىپىي ھالدا ماددىلارنىڭ زەررىلىرى ئۇشتۇمتۇت بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان دېيىشىدۇ. بۇ ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ جاۋابى بولۇپ، ئاۋۋالقىسىدىن قېلىشمايدىغان سەپسەتىدۇر. چۈنكى بىر ماددىنىڭ پارچىلىرى يەنە بىر ماددىنىڭ پارچىلىرىغا (زەررىلىرىگە) ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ ۋە بىرلىشەلمەيدۇ.

بۇ مەسىلىنى بۇنداق بىر مىسال بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىر باسمىخانىدىكى ھەرپ ساندۇقىدا بەش مىڭ ھەرپ قاچىلانغان بولسا قاتتىق يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن بۇ ھەرپلەر چېچىلىپ ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن بىرىكىپ ئون كۇپلېت شېئىر يېزىلىپ قاپتۇ، دېسە بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ تاسادىپىلىق دېگەن ئەنە شۇنداق بىمەنىلىكتۇر.

مۇنداق ئۇشتۇمتۇت ھادىسىلەرگە ئىشىنىش مۇمكىن بولمىغان يەردە، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار قاتارلىق مەلۇم قانۇنىيەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقان نەرسىلەرنى، ئۇنىڭدىن باشقا جانلىق، جانسىز

مەخلۇقاتلارنى ۋە ئۇلاردىكى قانۇنىيەتلەرنى ئۆزلىكىدىن ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان دېسە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ھېچ نەرسە ئۆزلىكىدىن ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئەمەس. بەزىلەر بولسا كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالا ياراتقان دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ.

مانا بۇ ئەقىلغا تامامەن مۇۋاپىق جاۋابتۇر. ئۇلار ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىقىغا ئىقرار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىلى ھەمىشە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئەيمىنىش ۋە ئۇنىڭ مەرھەمىتىدىن ئۈمىد قىلىشقا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ چىن يۈرەك قېتىدىكى تەبىئىي ھېس - تۇيغۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ راھەت - پاراغەتلىك ۋاقىتلاردا ئىنسانلارنىڭ غاپىللىقى سەۋەبى بىلەن دىن ئۇلارنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشكە ئاز قالىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەندە، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا پارتلاپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سېغىنىپ دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلىدۇ، ياراتقان بىر ئاللاھ تائالادىن ياردەم سورايدۇ. چۈنكى بۇ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدۇر. پەيلاسوپ دېكارت مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆزۈمدىكى بىر يېتەرسىزلىكنى ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن تامامەن پاك بولغان كامالەتلىك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، مەندىكى بۇ خىل ھېسنى پۈتۈن كامالىي سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاشۇ كامىل زاتنىڭ قەلبىمگە سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرىمەن. ئۇ كامىل زات بولسا — ئاللاھتۇر».

ئەرنىست رىنان «دىنلار تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «دۇنيادا بىز ياخشى كۆرىدىغان ھەر قانداق نەرسە، ھەتتا تەپەككۇر ۋە ئىلىم - پەن ئەركىنلىكىمۇ يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن، بىراق دىنىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىنسان تەپەككۇرىنى زېمىن ھاياتىدىكى كىچىك بىر دائىرىگە قىسقارتىپ قويماقچى بولغان ماتېرىيالىستلارنىڭ تۇتقان يولىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە جانلىق دەلىل بولغان ھالدا مەڭگۈگە داۋام قىلىدۇ».

ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى ئاللاھ تائالاغا باشلايدۇ. ئىنساندىكى بۇ خىل تەبىئەت ياكى قابىلىيەت يالغۇز ۋىجدانىلا ئەمەس، ياكى يالغۇز ئەقىللا ئەمەس، بەلكى ۋىجدان بىلەن ئەقىلنىڭ بىرىكىشىدۇر. ئەقىل يالغۇز ئۆزىلا ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ بىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقلى ئۇ ھېچ ئوقۇماستىن ياكى ئۆگەنمەستىن تۇرۇپمۇ ئەڭ ئاۋۋال سەۋەبلەر قانۇنىيىتىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ بېرەر ئىشنى سەۋەبسىزلا ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلدى، دېسە ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇ سەۋەبسىز بېرەر ئىشنىڭ (نەرسىنىڭ) ۋۇجۇدقا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ھەتتا ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتتىن يىراق ياشىغان بىر ئادەم ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق سورالغىنىدا، سەۋەبلەر قانۇنىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىكەن: «قۇملۇقتىكى تۆگە ئىزى بۇ چۆلدىن تۆگىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلاق ئىزى بۇ جايدىن كارۋان ئۆتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئاسمان ۋە تۈرلۈك يوللار بىلەن كېڭەيگەن زېمىن ۋە دولقۇنلۇق دېڭىزلار ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا قانداقمۇ دالالەت قىلمىسۇن!؟»

پەيلاسوپ فرانسىس بېكون مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئازراق پەلسەپە ئوقۇش كىشىنى دىنسىزلىققا مايىل قىلىدۇ، لېكىن پەلسەپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش ئەقىلنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.» يۇقىرىقىلار كائىنات ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن ۋە ئۇنىڭدىن بەھرى ئالغان ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىدۇر.

دېمەك، ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەقىلنىڭ كامالىتىدۇر. «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىلارمۇ؟» [تۇر سۈرىسى 35 - ئايەت].

توغرا، ئىنسانلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغان ئەمەس، ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ياراتقانمۇ ئەمەس، تارىختىن بۇيان بېرەر كىشىنىڭ ئاسماننى ياكى زېمىننى مەن ياراتتىم، دەپ دەۋا قىلغانلىقىمۇ ياكى بېرەر جانلىقنى ياراتقانلىقىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئۇنداقتا ياراتقۇچى زادى كىم؟ بۇ سوئالغا «ياراتقۇچى — ئاللاھ» دېيىشتىن باشقا ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە ئادەمنى قايىل قىلىدىغان جاۋاب يوقتۇر. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىدۇر، بۇ ئەقىلنى ئىشقا سالغان ۋە يارىتىلىشتىكى پاك تەبىئىتىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالغان كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدۇر.

ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا بۇتپەرەس مۇشرىكلار گەرچە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىشاتتى، بۇھەقتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يەردىكى ۋەكىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «سەن ئەگەر ئۇلاردىن (مۇشرىكلاردىن) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان دەپ، سورىساڭ، ئۇلار: ئەلۋەتتە، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىپ، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالا ياراتتى دەيدۇ ».

نەگە بارماقچىمەن؟

بۇ سوئالغا ماتېرىيالىزمچىلار ئەڭ ئۇلۇغ زات سۈپىتىدە يارىتىلغان ئادەمنى ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈرىدىغان «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن مۇتلەق تۈگىشىدۇ، قايتىدىن تىرىلىش بولمايدۇ، ئۇنىڭ جەستى تۇپراققا ئايلىنىپ تۈگىشىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەلسەپەسىدۇر. بۇلارنىڭ پەلسەپىسى بويىچە پۈتۈن ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەنلەر بىلەن ھاياتىنى بۇزغۇنچىلىقلار بىلەن ۋە قان تۆكۈش بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ھېچ پەرقى يوق. ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى كۆرمەيدۇ. ئەگەر ھەقىقەت ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ياراتقانلىقىنىڭ ۋە ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ياراتقانلىقىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ نېمە ئۈچۈن ھايۋانلارغا بېرىلمىگەن ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ھۆرمەت ئادەملەرگە بېرىلگەن؟

ئەمما مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بارىدىغان يېرىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ئۇلار ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ئالەم ئىكەنلىكىنى ۋە ھەقىقىي ھاياتلىق ئاخىرەت ھاياتى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار بىر كۈنى ياخشى ـ ياماننىڭ سورىغى بولىدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشىنىدۇ. ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يامان ئىشلارنى قىلغانلار (گۇناھكارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار بىلەن تەڭ ئويلامدۇ؟ ئۇلار چىقارغان ھۆكۈم نېمە دېگەن يامان! ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ» (سۈرە جاسىيە 21 – 22 ـ ئايەتلەر). دېمەك قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئەقىلنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىم؟

ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىپ، ئېتىقاد قىلغانلار بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاۋۋال بىز ئالاھىتىن ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى سورايلى. ئى ئاللاھ! ئىنساننى نېمە ئۈچۈن ياراتتىڭ؟ ئۇلارنى باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش بۇ دۇنيادا يېيىش ـ ئىچىش ياكى ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ ياكى يەپ ـ ئىچىپ بىر كۈنى تۇپراققا ئايلىنىپ تۈگىشىش ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ؟ ئەگەر شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياراتقان بولساڭ، ئىنسانغا ئەقىل ـ ئىدراك، ئىرادە، روھ ئاتا قىلغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تەلەب قىلمايمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى رىزىقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن.» [زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت]. بۇ ئايەتتىن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا

يارىتىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بىز كائىناتقا نەزەر سالساقمۇ، ئۇنىڭدىكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ باشقىسى ئۈچۈن ياشاۋاتقان ياكى ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن كائىناتتىكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىرەر مەقسەت، بىرەر غايە بىلەن يارىتىلغانلىقىنى، مەقسەتسىز بىكارغا يارىتىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: سۇ يەر - زېمىننى ياشارتىش ئۈچۈن، زېمىن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، زىرائەتلەر ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن، ھايۋانلار بولسا ئادەملەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ھەممە نەرسە پەقەت ئادەم ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا ئادەم كىم ئۈچۈن يارىتىلغان؟ شۈبھىسىزكى، ئادەم ئاللاھ تائالا ئۈچۈن يەنى ئاللاھ تائالانى تونۇپ ئۇنىڭغا خالىس ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسان يەر يۈزىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ خوجايىنى. ئاللاھ تائالا ئۆزى ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقان ئاشۇ ئىنسانلاردىن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى تونۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ھەم ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادەم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلۇغ مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىلغان تۇرۇپ، ئۆزىنى ياراتقانغا ئىبادەت قىلماستىن، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، كالا ئوت ۋە باشقا ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسىلەرگە ئېتىقاد قىلسا، چوقۇنسا بولامدۇ؟! ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇ بىمەنىلىك بولمامدۇ؟! شۈبھىسىزكى، ئادەملەرنىڭ مەخلۇقاتقا ئېتىقاد قىلىشى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ يارىتىلغان ئىنسانلىق غۇرۇرىنى ۋە ھۆرمىتىنى يوق قىلغانلىقى، ئۆزىنى ئۆزىدىن تۆۋەن نەرسىلەرگە قۇل قىلغانلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشقا ئۇنى ياراتقان ئاللاھتىن ئارتۇق زات يوقتۇر.

ئەمدى ئىبادەت دېگەن نېمە؟

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش — ئۇنىڭغا ئەڭ كەمتەرلىك، ئەڭ كامالىي ئېھتىرام ۋە سەممىي مۇھەببەت بىلەن ئىتائەت قىلىش دېمەكتۇر. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر. ناماز ئوقۇش، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش، ئۇنىڭ مۇرىۋۋىتىنى ئارزۇ قىلىش، ئازابىدىن قورقۇش، يامان ئىشلاردىن يېنىش، توغرا ئىش قىلىش، راست سۆزلەش، ئادالەتلىك بولۇش، ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ئىلىم - پەنلەرنى ئىگەللەش ۋە ئاللاھ تائالانى ياد قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت تۈرىگە كىرىدۇ. ئىبادەت ئىسمى مەسجىدلەردىكى ناماز، زىكىرلەرگىلا خاس بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ ئەقىدىسى ساپ بولۇپ، نىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ مېڭىش – تۇرۇشلىرى، يېيىش - ئىچىشلىرى، دۇنيالىق ئۈچۈن ھالال ئىشلەشلىرىمۇ ئىبادەت ھېساپلىنىدۇ.